# ئازاتلىق ئىنقىلابى

1940 - يىللىرىنىڭ باشلىرى، خوددى 1930 - يىللىرىدىكىگە ئوخشاش، خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمى چېكىدىن ئاشقان ئىدى. بۇ زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق چوڭ ئىنقىلابقا تەييارلاندى.

1944 - يىلى نويابىردا ئىلىقىنى قولغا ئالغان غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىنى پاچاقلاپ، سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلدى. ئىلىدىكى باش ھەربىي شتاب - سېلىنگزىنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچىدىن ئۈستى - ئۈستىگە ئەۋەتىلگەن ئارمىيە ۋە ھەربىي ماتېرىياللارنىڭ ياردەملىرىگە قارىماي، گومىنداڭچىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى يىغىلىپ تۇرغان ھەرەمباغ ئۈچۈن شىددەتلىك جەڭ بولدى ۋە غۇلجا شەھىرى گومىنداڭ مۇستەملىكىچىلىرىدىن ئازات قىلىندى.

1944 - يىلى 12 - نويابىردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى. كۆپ ئۆتمەي ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ئازات قىلىندى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىمۇ ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى. باي ناھىيەسى قوزغالدى. قوزغىلاڭچىلار ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ياركەنتنىڭ سۇ بېشىدا، قەشقەرلىك تاشقورغاندا، قارشەھەرنىڭ يۇلتۇزىدا، ئۈرۈمچى بوسۇغىسىدىكى تاغلاردا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى. گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى قان توكۇپ باستۇرۇشلىرىغا قارىماي، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى قوزغىلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي تار - مار بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالدى. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر 11 ماددىلىق بىتىمنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شىنجاڭدا خىتايلار بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ قوشما ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. بىتىم بويىچە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ۋە مىللىي ئارمىيە ئۆز ھالىچە ساقلىنىپ قالدى. خەلق دېموكراتىك ھوقۇق، ئەركىنلىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىدىغان بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غالىبىيەت قازىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنى ۋە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى تولۇق ئىگىلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانداق قىلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ چوڭ غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرەلىدى!

1930 - يىللارغىچە ئۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زېڭشىنىڭ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ، زەبۇنكەش دۇبەنى، شەنگەنلەرنىڭ چەكسىز ئات قان زۇلۇمى خەلقنى ئېغىر كۈلپەتكە سالدى. چىرىك گومىنداڭ ھاكىمىيىتى خەلق تۇرمۇشىغا قىلچە ئېتىبار بەرمىدى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالاپ، مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئاياق - ئاستى قىلدى. خەلق بۇ خورلاشلارغا چىداپ تۇرالماي، سەۋر - تاقىتى تۈگەپ، قوزغالدى.

دەسلەپ قۇمۇل كۆتۈرۈلدى. كېيىن تۇرپان، كۇچار، خوتەن، قەشقەر، ئالتاي، ئىلى - پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان قوزغىلىپ كەتتى. ئىككى يىلغا يېتەر - يەتمەس ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى يىلتىزىدىن بوشاشقا باشلىدى. ئىككى يۈز، ئالدامچى، قاتىل شېڭ شى - سەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇ دەسلەپ سوۋېتلەر سويۇزى بىلەن «دوست» بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن، خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇلاپ - تالاش بىلەن چەكلەنمەي، مەدەنىي، روھىي، سىياسىي ياقتىن قىيناپ، ۋەھشىيانە ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، بۇمۇ خەلق غەزىپىنى قوزغىدى.

كېيىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرەپىدىن ئەۋەتىلگەن جۇشاۋلياڭ، ئۇ جۇڭ-شىنلار شېڭ شى - سەينى «قارىلاپ» خەلققە تەسەللى بەردى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ خەلقنى بۇلاپ - تالاش، قىرىش، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى سۈنئىي دەۋىشتە گۇرۇھ، تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ياشلارنى قېرىلارغا، سودىگەرلەرنى مۇئەللىملەرگە، چارۋىچىلارنى دېھقانلارغا، بىر مىللەتنى ئىككىنچى بىر مىللەتكە، بىر شەھەرنى ئىككىنچى شەھەرگە قارشى قويدى. خىتاي دۆلىتى ئىچىدە پەقەت بىر بۈيۈك خىتاي مىللىتىنىڭ بارلىقىنى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل مىللەت بولماي، خىتايلارنىڭ «ئەسلىدىكى» ئۇرۇغى، ئاخىرى بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىتايلار ئىچىگە سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاشكارە ئېلان قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ كادىر تەييارلاش، مائارىپ، مەتبۇئات، ئەدەبىيات، سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش، سودا، سانائەت، يول قاتناش، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن خالىس ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان سوۋېتلەر سويۇزىغا گومىنداڭچىلار دۈشمەنلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئىلمىي ئەدەبىياتلار چەكلەندى. سوۋېتلەر سويۇزىنى ياقلىغان، شۇنداق ئەدەبىياتلارنى يوشۇرۇپ ئوقۇغان كىشىلەر «خائىن» بولدى. ھەر ئون ۋە يۈز ئائىلىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويىدىغان باۋ - جاجاڭ تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

غەللە پاراق (تېرىلغۇ يەر بېجى)، ئوت ئۇچى (چارۋا مال تۇياق بېجى) ۋە باشقا باجلار كۈن سايىن كۆپەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭچىلار خەلققە خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن 10 مىڭ تۇياق ئات «سېتىپ» بېرىش سېلىقىنى سالدى.

بۇ ئېغىر سېلىقلار ۋە زۇلۇملار خەلق غەزەپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى يەرلىك خەلق ھىمايىسىدىن پۈتۈنلەي ئاجراپ قالدى. سەۋر قاچىسى تولۇپ - تاشقان خەلق كۆتۈرۈلدى. ئازاتلىق ئۈچۈن قوزغالغانلار گومىنداڭچىلارنى بىت - چىت قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غالىبىيەت قازاندى.

بۈگۈنكى كۈندە ماركسىزم - لېنىنىزمدىن خائىنلىق بىلەن ئىز ئۈزۈپ، چوڭ مىللەتچىلىك، شوۋىنىستىك يولغا كىرگەن ماۋ گۇرۇھى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشنى، تارىختىن ساۋاق ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار بۈگۈنمۇ ئىلگىرى خىتاي ئىستىلاچىلىرى يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خىتايلاشتۇرۇش، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل سىياسىتىگە قارشى چىققان شىنجاڭ خەلقىنى ھەربىي دىكتاتۇرا، قورال كۈچى بىلەن قورقىتىپ، بېسىپ تۇرماقچى بولىدۇ.

ماۋچىلار ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئىستىلاچىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن ھالدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا سان - ساناقسىز ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدى. ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنى جىسمانىي يوق قىلدى، تۈرمىلەرگە تاشلىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلدى ۋە يوقاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە كۆپلىگەن ياۋۇزلۇق قىلالى قىلىشى مۇمكىن. بىراق، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىش كېرەككى، ماۋ گۇرۇھى خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئازاتلىققا بولغان ئىنتىلىش ئىرادىسىنى ھېچ قاچان يوقىتالمايدۇ.

م. زەيدىنى.
تاشكەنت شەھىرى.

www.uyghurkitap.com



شرقی تورکستانده ملی قاجرسیغا عائد

## قرار رقم 30

## شرقی تورکستان جمهوریت اسلامیه‌سی ناظرلاری هیئتی‌نک

### فوق‌العاده یغیلیشی

1934 یلی مارت آیی‌نک 2نچی کونی ساعت اونده
یه‌نگی حصار شهریده

اشتراک ایتوچیلر:

1 — باش وکیل ثابت عبدالباقی افندی،

2 — خارجیه ناظری قاسم خان حاجی افندی،

3 — عدلیه ناظری ظریف قاری افندی،

4 — داخلیه ناظری سعید الله یونس بیک،

5 — صحیه ناظری عبدالله ایشانخواجه خانی افندی،

6 — حربیه ناظری وه عالی باش قوماندان نائبی سلطان بیک بختیار بیک،

7 — معارف ناظری عبدالکریم خان مخدوم افندی،

8 — مالیه ناظری علی آخوند پیای افندی،

9 — مالیه ناظری معاونی محمد حاجی مخدوم زاده،

10 — اوقاف ناظری شمس الدین توردی حاجی افندی،

11 — تجارت ناظری سابطیبیک شمس الدین زاده،

12 — خوتان امیری نور احمد افندی،

13 — بویوک ملت مجلسی رئیسی صوفی زاده،

14 — استقلال جمعیتی‌ده‌ن یحیی جان افندی،

15 — مرکز قوماندان وه باشقا ارکان حرب بویوک قوماندانلاری حاضردرلار.





## کورولگه‌ن مسئله

اشبو یل فیبرال آیی اورتاسیدا رئیس جمهور خواجه نیاز حاجی‌نک روسیاغا باریب، ایرکه‌شتام‌ده ساویت حکومتی برله معاهده یاساغانی حقیده باش وکیل ثابت عبدالباقی‌نک معروضه‌سی:

خواجه نیاز حاجی‌نک باش وکیلگه عموماً ناظرلار شوراسیغا 25 فیبرال 1934 یلی 308نچی رقملیک کوندورمش علاقه‌سی ایله ثابت عبدالباقی‌نک ایضاحاتیدان معلوم بولادر، که خواجه نیاز حاجی ساویت حکومتی برله توبه‌نده‌گیچه کیلیشکه‌نله‌ر:

1 — خواجه نیاز حاجی بوکونده‌ن بناءً نانکین حکومتی برله قطعی علاقه‌نی اوزوب شرقی تورکستان (شین جانک)نی روسیا حمایه‌سی آستیدا داخلی استقلاللی بر اولکه اعلان ایته‌در.

2 — شرقی تورکستان استقلالینی بتیریب، ملی جمهوریت حکومت اسلامیه‌سینی تارقاتیب، اورومچی شهریده شیندوبند باشلیق توزولگه‌ن حکومتکه بیعت ایته‌در.

3 — شرقی تورکستان رئیس جمهورلیگینی ترک ایتیشی برله اورومچی حکومتی خواجه نیاز حاجی‌نی جوشی یعنی ملکی گوبورناتور تعیین ایته‌در.

4 — شرقی تورکستان مقیاسیده‌کی موجود قوراللیق ملی عسکرله‌رنی شیندوبندکه بیعت ایتدیریش خصوصیده حاجی قطعی چاره کوره‌در.

5 — تونکان، خوتان، اوزبیک، قیرغیز، قازاقلاردان عبارت ملی اوردولارنی قورالسزلاتریش وه شرقی تورکستان (شین جانک)ده ترتیب جایلاشتریش مقصدیده اورومچی‌ده‌ن آلتی شهر طرفیغا حرکت ایته‌تورغان خونخوز خطای روس عسکرله‌ریگه یاردم بیریش اوچون خواجه نیاز حاجی اوز اختیاریداغی قومولق، طورفانلق لاردان عبارت بولغان محمود سیجانک قوماندا اسیداغی عسکرله‌رنی شیندوبند اختیاریغا اونکه‌زه‌در.

6 — مانجوریادان چیکیلگەن خونخوز خطایلارنی روس توپراغی (آرقالی) شرقی تورکستانغا کوچوروش حقیدە ساویت حکومتی برلە شیندوبند اورتاسیدا توزولمش معاهدەنی خواجە نیاز حاجی تصدیق ایتەدر.

7 — شرقی تورکستان جمهوریتی حکومت اسلامیەسی حربی خدمتیدەکی اجنبی ضابطاتنی خواجە نیاز حاجی درحال خدمتدەن بوشاتیب، آلارنی شرقی تورکستان حدودیدەن خارجغا چیقاریشغا قطعی چارە کورەدر.

8 — ساویت حکومتی شرقی تورکستان (شین جانك)نگ ترقی وە تعالیسی وە آبادانلغیغا کوشیش ایتەدر.

9 — شرقی تورکستان (شین جانگ)نی ایچکی خطای، نانکین، مانجو تیغو وە باشقا طرفدان هەر بر احتمال تاپلغان هجوملەردەن ساویت حکومتی مدافعە ایتیشنی اوز اوستیگە آلادر.

10 — شرقی تورکستان (شین جانگ)دە ترتیب جایلاشغاندان سوگرا آشیغیچ روشدە نظامی اوردو توزوش لازم کورولور. مذکورنی توزوشگە ساویت حکومتی (س. س. س. ر.)دەن بر هیئت اصلاحیۀ عسکریە کوندەروب تیکیشلیك ضابطان برلە تأمین ایتەدر.

11 — ساویت حکومتی شرقی تورکستان (شین جانگ)دە قایتادان توزولەتورغان اوردونی سوتەو اصول، قوراللار برلە قوراللانتریشنی کوزدە توتادر.

12 — اورومچی حکومتی برلە ساویت حکومتی اورتاسیدا سیاسی، اقتصادی مسئلەلر حقیدە علاحدە معاهدە توزولەدر.

ناظرلار هیئتی توبەندەگیچە قرارغا کیلەدر:

1 — خواجە نیاز حاجی نگ ملتنگ تابشوروریدان تاشقاری ساویت حکومتی تکلیفی بویونچا ایرگەشتامدە بولشەویکلر برلە غیرقانونی





ملتنگ منفعتیغا خلاف معاهدە یاساوداغی حرکتینی تورکستان تورکلەریگە خیانت دیب تاپادر.

2 — ساویت حکومتی برلە خواجە نیاز حاجی اورتاسیدا یاسالغان 12 مادەلیك آنگلاشمانی غیر قانونی حساب ایتەدر.

3 — نیچە ییللاردانبەری حسابسز قوربانلار بیریب آلغان شرقی تورکستان ملی استقلالینك بتیریلیشی تورکستان تورکلەرینگ محو ایتلیشیدر. بنابرین ملی استقلالنی قولدا توتوب قالیشدا شرقی تورکستان تورکلەری هەر بر فداکارلققا طیاردر. خواجە نیاز حاجیغا، قیلدینی کیچیریلمەس خیانتیگە بیان نفرت ایتلەدر.

4 — شرقی تورکستان تورکلەری بولشەویك تولیدە بولوشغا اصلا راضی بولمایدرلار. بنابرین ملتنگ ناراضیلغی کاشغاردەکی ساویت قونسولوسلغی آرقالی س. س. س. ر. حکومتیگە بیلدیریلسین.

5 — ساویت عسکرلەرینك شرقی تورکستانتی اشغال ایتیشی بین الملل قاعدەگە خلاف وە هیچ بر تاریخدە کورولمەگەن تورکستان تورکلەری اوستیگە باسقینچلق، قیزیل جهانگیرلك دیب سانالادر. بنابرین قیزیل بولشەویکلەرنگ قانونسز حرکتلەرین اوز حکومتلەریگە بیلدیریشنی کاشغاردەکی اجنبی قونسولوسلاردان سورالسین.

6 — خواجە نیاز حاجینك عقلسز روشدە معاهدە یاساشیدان استفادە ایتیب ساویتلەر شرقی تورکستانتی اشغال ایتیشگە کوشیش ایتەدرلەر. بنابرین نظارت حربیە وە عالی باش قوماندانلقغا دوشمانلارنگ هجومیگە قارشی مدافعە چارەسیدە بولوش توصیە ایتلسین.

7 — حاضرغی وضعیتنگ آغیرلغین اعتبارغا آلیب عموم ملت سفربرلككە چاقیریلسین.

8 — قیزیل بولشەویك خونخوز خطایلارنی چوگەچەك آرقالی شرقی تورکستانغا روس توپراغی برلە کوچوروشگە مانع بولوشنی توصیە ایتیب شریف خانغا آشیغیچ روشدە بویروق یاریلسین.

9 — 10نچی مارنده شرقی تورکستان بويوك ملت مجلسی يغيليشی چاقريلسين.

10 — خواجه نياز حاجی برله ساويت حكومتی اورتاسيدا توزولمش معاهده حقيده ناظرلار هيئتينگ اشبو قراری بويوك ملت مجلسی قاراماغيغا تاپشوروليسون.

(دوامی 25نچی صحيفه‌ده‌در).

قرار رقم ۲۸

شرقی تورکستان جمهوريت اسلاميه ناظر هيئتینی فوق العاده يغيليشی

۱۹۳۴ نچی يیلی مارت آينی ۲ نچی کونی ساعت اونده ینگی حصار شهرینده

اشتراک ایتوچیلر

۱ باش وکیل ثابت عبد الباقی افندی
۲ خارجیه ناظری قاسم خان حاجی افندی
۳ عدلیه ناظری ظریف قاری افندی
٤ داخلیه ناظری سعید زاده یونس بیک
۵ صحیه ناظری عبد الله ایشانخواجه خانی افندی
٦ حربیه ناظری وعالی باش قوماندان نائب سلطان بیک بختیار بیک
۷ معارف ناظری عبد الکریم خان مخدوم افندی
۸ مالیه ناظری علی آخوند بای افندی
۹ مالیه ناظری معاونی محمد حاجی مخدوم زاده
۱۰ اوقاف ناظری شمس الدین تورەدر حاجی افندی
۱۱ تجارت ناظری سائح بیک انس الدین زاده
۱۲ ختن امیری نور احمد افندی
۱۳ بویوک ملت مجلسی کاتبی صوفی زاده
۱٤ استقلال جمعیتیدن موسی حاجی افندی
۱۵ مرکز قوماندان باشقه ارکان حرب بیوک قوماندانلری حاضر دورلر

کوروُلکان مسئله

شبو یيل فیبرال آینی اورتاسیده رئیس جمهور خواجه نیاز حاجی اوده سیدن عبارت



ایرگش نامه ساویت حکومتی برله معاهده ییسلغان حقیده باش وکیل ثابت عبد الباقینی معروضه سی

خواجه نیاز حاجینی باش وکیلغه عموما ناظرلر شوراسیغه ۲۵ فیبرال ۱۹۳٤ نچی ییلده ۲۶ نچی رقم لیک کوندرگن مکتوبی ایله ثابت عبد الباقی نی ایضاحاتیدن معلوم بولادورکه خواجه نیاز حاجی ساویت حکومتی برله قویانده یچه کیلیشکانلری

۱ خواجه نیاز حاجی بوکوندن بناءً تانگین حکومتی برله قطعی علاقه نی اوزوب (شین جانگ) شرقی تورکستان اوسیه حمایه سی آستیده داخلی استقلال برله اولکه اعلان ایتادور

۲ شرقی تورکستان استقلالیتینی ترتیب ملی جمهوریت حکومت اسلامیه نی تار قاتیب اور ونیچی شهریده شیعه دوبند باش خلق توزولکاد، حکومت غه بیعت ایتادور

۳ شرقی تورکستان رئیس جمهورلیکی نی ترک ایتیش برله اور ونچی حکومتی خواجه نیاز حاجی نی چ شیء بینی ملکی گوبورناتور معاون ایتادور

٤ شرقی تورکستان مقیاسیده گی موجود قورالیق ملی عسکرلرنی شیعه دوبند غه بیعت ایتدریش خصوصیده حاجی قطعی چاره کورادور

۵ تورکلار، ختن اوزبیک قرغیز قزاق لردن عبارت ملی اردولرنی قورال سیزلانتریش وشین جانگده ترتیب قایتا اشتریش مقصدیده اور ونچی ایله دن آلتی شهر طرفیغه حرکت ایتادورکان خوجخوز خطای روس عسکرلریغه یاردم برشنی اوچون خواجه نیاز حاجی اور اختیاریده گی قورال لیق طورغان لیق لردن عبارت بولغان محمود سیجانگ قوماندانسیده گی عسکرلرنی شیعه دوبند اختیاریغه اوتکازادور

۶ منجوریه دن چیکیلکان خوجخوز خطایلرنی روس نفوذی شرقی تورکستان غه کوچ روش حقیده ساویت حکومتی برله شیعه دوبند اورتاسیده توزولیش معاهده نی خواجه نیاز حاجی تصدیق ایتادور

۷ شرقی تورکستان جمهوریت حکومت اسلامیه نی حربیه خدمتیده گی اجنبی ضابطلرنی خواجه نیاز حاجی درحال حدمتدن بوشاتیب الارنی شرقی تورکستان سرحدیدن خارجیغه چیقاریشیغه قطعی چاره کورادور

۸ ساویت حکومتی (شین جانگ) شرقی تورکستان نی ترقی وتعالیسی وآبادانلیکیغه کوشش ایتادور

۹ شین جانگ غه ایچکی خطای تانگین ماجونیغو وباشقه طرفدن هر احتمال تابلغان هجوملردن ساویت حکومتی مدافعه ایتیش نی اوز اوستیغه آلادور

۱۰ شین جانگده ترتیب جایلاشکاندن سونگره اشتیچ روش نظام اردو توزوش لازم کورلورنده کورنی توزوشکه ساویت حکومتی مستعمردن برهینت اصلاحیه عسکریه کوندروب تیکیشلیک ضابطلار برله تأمین ایتادور

۱۱ ساویت حکومتی شین جانگده تابشادن توزوله دورکان اردونی سونگی اصول قورال لر برله قوراللانتریشیغه کوزده تومادور

۱۲ اور ونچی حکومتی برله ساویت حکومتی اورتاسیده سیاسی اقتصادی مسئله‌لر حقیده علاحده معاهده توزوله‌دور

ناظرلار هیئتی توبانده گیچه قرارغه کیلادور

۱ خواجه نیاز حاجی ملتنی تانشورمیدن باشقاری ساویت حکومتی تکلیفی بویوچه ایرگش نامه بولشویکلر برله اختیار جانونی ملتنی منفعتیغه خلاف معاهده باساده گی حرکتی نی تورکستان تورکلریغه خیانت دیب تاپادور

۲ ساویت حکومتی برله خواجه نیاز حاجی اوز شخصیدین باغلاغان ۱۲ ماده لیک اتفاقنامه غیر قانونی حساب ایتادور

۳ بخصوص اوروپا جهانی حساب سیز قربانلر بریب الغان شرقی تورکستان ملی استقلالینی بیتر لیشی تورکستان تورکلری محو ایتیلیشیدور بنابر ملی استقلالنی قولده توتوب قالیشده شرقی تورکستان تورکلری بر بر فداکارلیق غه طیاره دور خواجه نیاز حاجی غه بلدیر گیچ بلیش خیانتی بیان ایتیلادور

۴ شرقی تورکستان تورکلری بولشویک لرغه قولیده بولوشغه اصلا راضی بولمایدور لر بنابرین ملت نامیدین بیلیش کاشغرده گی ساویت کونسولوسی لیبی ارته لی صحصصر حکومتیغه بلدورسون

۵ ساویت عسکرلرینی شرقی تورکستانغه اشغال ایتیشی بین الملل قاعده غه خلاف در هیچ برتاریخده تورو لماگان تورکستان تورکلری اوز مستقل یاشیگن توپراغیدا ... بنابرین قزیل بولشویک لرنی قانونسیز کیرگانلرینی ... بیلدورسون

۶ خواجه نیاز حاجی غه عقل سیز لیک بیلن معاهده یاسالیش دن استفاده ایتیب ساویت لر شرقی تورکستانغه اشغال ایتیش غه کوشیش ایتادور لر بنابرین نظارت حربیه و عالی باش قوماندانلیق غه دشمنلرنی هجومیغه قارشی مدافعه چاره سیده بولوشنی توصیه ایتیلسون

۷ حاضرگی وضعیت نی آغیرلیغینی اعتبارغه الیب عموم ملت غه سفر بر لیک نه چاقریلسون

۸ قزیل بولشویک خونخوار خطایلارنینک شرقی تورکستان غه روس نفرلرینی کیلتوروشغه مانع بولوشنی توصیه ایتیب شرعیه خانه غه اشبو ... بویرق بیرلسون

۹ ایچ مده شرقی تورکستان بیوک ملت مجلسینی تعجیلینی چاقرلسون

۱۰ خواجه نیاز حاجی برله ساویت حکومتی اوتره سیده توزولیش معاهده حقیده ناظرلر هیئتی شبو قرارنی بیوک ملت مجلسیده ... تاپشورسون

۱۱ خواجه نیاز حاجی ناظرلر هیئتی غه مراجعت لرینی قبول ایتیب توتقان یولیدان وازکیچماگان تقدیرده رئیس جمهور وه عالی باش قوماندانلیق رتبه سیدن الیش حقیده بیوک ملت مجلسی توپلانیشیده مسئله قوزغاتیلسون

۱۲ تانکین وه یاپون حکومتی وه بین الاقوام جمعیت اقوام غه حقمزنی مدافعه ایتیش توغریسیده مراجعت ایتیلسون

باش وکیل ثابت عبدالباقی

کاتب صوفی زاده

11 — خواجه نیاز حاجی ناظرلار هیئتی‌نک مراجعتلارینی قبول ایتب توتقان یولیدان وازکیچمه‌گه‌ن تقدیرده رئیس جمهورنی عالی باش قوماندانلق رتبه‌سیده‌ن آلیش حقیده بویوك ملت مجلسی توپلانیشیدا مسئله قوزغاتیلسین.

12 — نانکین وه یاپون حکومتی‌گه وه بین‌الاقوام (جمعیت اقوام؟)غا حقمزنی مدافعه ایتیش توغریسیدا مراجعت ایتلسین.

باش وکیل: (امضا) ثابت عبدالباقی

مهر: شرقی تورکستان باش وکالتی

کاتب: (امضا) صوفی زاده



## جناب محترم مجاهد فی سبیل‌الله رئیس جمهوریمز خواجه نیاز حاجیم ذات عالی‌لارینا.

بعد از سلام معنومالاری بولغای، کیم ناظرلار هیئتینك اجازتی برله‌ن ذات عالیگزغا باش وکیلنگ کوندورمش مکتوبیگه علاوه اولاراق فقیر هه مکتوب یازماقنی لازم کوردوم معاف ایتکه‌ی‌لەر.

ایرگه‌شتامدان یاوریگز برله‌ن کوندورمش مکتوبگزنی آلقاچ اوقوب کوروب باشیمدان هوشیم اوچتی، حیرتده قالدیم. عجبا خواجه نیاز حاجیم بو خیل ایشله‌ر قیلیرلار دیب کیم اویلاغان. حاجیم‌نی بو ایشله‌رنی قیلماقغا نیمه‌له‌ر مجبور ایتدی دیب حیرانلقدا قالدیم. مکتوبگزنك مضمونیچه ساویت حکومتی برله‌ن اون ایکی ماده‌لیك معاهده قیلغانسز. بولشه‌ویکله‌ر ذات عالیگزنی اوز ایلله‌ریگه آلیب ماریب حربیه قوتله‌رین، ظاهرده دیدبه‌لیك، حقیقتده یوچ عسکرله‌رین کورسه‌تیب چوچوتوب یوبارغانلقلاری کورونه‌در. بوله شرقی تورکستان تورکله‌ریگه زور حقارتلیك معاهده‌گه امضا قیلشدان تارتینماغانسز. بو توغرودا اوز تأسفمزنی بیلدیره‌مز. ملی استقلالنی قوراما آلیش اوچون ملتنك بیرگه‌ن حسابسز قوربانلارین اویلاماغانسز. دنیاده ملتله‌رنك ایگ یه‌تی افلاس خطایلار، جنت مثلی وطنمزنی اشغال قیلیب، افیون خانه، قمارخانه، گه‌ره‌وخانه، فاحشه‌خانه‌له‌ر آچیب خلقمزنك اخلاقینی بوزماقغا کیچه‌کوندوز کوشیش ایتیب قیلغان رذالتله‌رین، ملتنك کوزگه‌ن وه کیچیرگه‌ن فلاکتله‌رین اویلاماغانسز. بولشه‌ویکله‌رنك شیطانلغی اوچون توقوز ییلیونلق بر ملتنك استقلالینی بیریب، ملتنك آبرویی، ناموسینی ظالم غیر دینله‌رنك پای حقارتیگه تاپشیریشغا جرأت ایتیب معاهده‌نی یاساغانسز. حتی شو حقده ملتنك خواهشینی سوراماقنی فکرگزگه کیلترمه‌گه‌نسز. بولشه‌ویکله‌رنك ساتقین بنده‌له‌ری کریم آخون وه باشقالارنك قوتقوسیغا اوچوب کیتکه‌نسز. بوندای ایشله‌رنی ملت برباد بولسا بولسون، وطن تالان وتاراج بولسا بولسون دیگه‌ن شخصلارغا قیلادرلار. ذات عالیگزدان بوندای حرکتنی ملت کوتمه‌گه‌ن ایدی. بیچاره مظلوم ملت ذات عالیگزغا اوزیده‌ن ایگ فخری وه عالی اوررون بیرگه‌ن ایدی. بو فخری اوروندان افلاس خطایلار، ملعون بولشه‌ویکله‌رنك بیره‌تورغان منصبی آرتق کوروندومو؟ ملت استقلالیدان واز کیچمه‌ککه راضی بولار دیب اویلادیگزمی؟ ذات عالیگز امین بولسونلار، کیم ملت استقلالینی قولده توتوش اوچون هر بر فداکارلقغا طیاردر. بولشه‌ویکله‌رنك تانق، طیاره‌له‌ری، توپ-توفه‌نکله‌ری ملتنی قورقوتا آلماس. اختیارگزده‌کی ملی اوردونی بولشه‌ویکله‌ر اختیاریغا شرقی تورکستانی تینچلاشدیریشغا یارده‌مچی بولوش اوچون تاپشورماق بولوبسز. عجبا شرقی تورکستاندا افلاس ختای حکومتی قوروش، بولشه‌ویزم اورناشتریشغا، ملتنك ناموسینی آیاق آستی قیلیشغا خدمت ایته‌بزمی؟ دوشمانلارنك توپیدتوه‌نگ، اوقچاچار (میترالیوز)لارین اوز ملتداشلارگز، اوز بالالارگز، اوز سینگیللاریگزگه قارشی آتدیریشغا یارده‌م بیره‌سزمی؟ بونی وجدانگز قبول ایته‌درمی؟ خدادان قورقایلیق، ملتگه رحم قیلایلق حاجیم.

ذات عالیگزنك دعواسینچا بولشه‌ویك حکومتی کیله‌رده شرقی تورکستانی نانکین وه

مانجوتینو هجومندەن مدافعه ایتەر ایمش. بولشەویکلەر اوزلەرینك باشلاریغا مانجوریادا کیلیب تورغان فلاکتکه قارشی چارە کورالدای، آوروپا دولتلەرینك ایشیکلەریدە قاراول دیب قیچقیریب یورگەن چاغلاریدا بزنك ملتنی خارجی هجومدەن مدافعه ایتەدرلەر دیب اویلاش ممکن مو؟

قیزیل روس ایمپەریالیست بولشەویکلەر بزگه تانکین وە مانجو حکومتلەریدەن کوبرەك دوشمان‌در. آلارنك مقصدلاری اوز قول آستلاریداغی ملتلەرگبی شرقی تورکستان تورکلەرین هم اوز ایسکنجەسیگه آلیب وطنزنی بوش قاسقان قیلماقچیلار. ذاتیکزنی ایشاند یریغان بولشەویکلەر اوزاق‌در، یاقین‌ـز یوقاتیلاجاقلار. بولارغا ایشانیب بر ایش قیلماق عقلسزلیغیمزنی کورسەتەدر.

شرقی تورکستانغا بولشەویکلەر تینچلاندیریش مقصدیندە کیرەر ایمشلەر. عجبا شرقی تورکستاندا قانداى تینچسزلق بار؟ بر ملت اوزینك ملی استقلالی اوچون چالیشیب، ملی پارلیغین اوزی اداره ایتسه تینچسزلیق ایمیشمی؟ شرقی تورکستان ملی استقلالینك مستحکەلەنیشی بولشەویکلەرگه اولوم خوف توغدورماقدادر. بنا‌ٴعلیه بولشەویکلەر اوزلەری تینچسزلانماقدالار. شونیگ اوچون یوز مینگ حیله، نیرەنگ وە پروواقاسیالار برله تورکستان استقلالینی یوقغا چیقاریب اوز چەنبەرلەری ایچیگه آلماقچیلار. شو حقدە یاساغان توزاقلاریغا ذات عالیگزنی اینیندیرمشلەردر. سزنك واسطەگز برلەن بوتون ملتنی اوز توزاقلاریغا ایلینتریب قانغا باتیرماقچی‌درلار. خوب یاخشی فکر قیلسینلار. ذات عالیگزغا شونی هم بیلدیریب اوتەمەن‌که، ناظرلار هیئتی یاسالمش معاهدەنی قانونسز تاپدی. بوتون ملت بو ایش توغریده یەن نفرتلەرینی بیلدیرمەکدە. اوردو راضی ایمەس. ارکان حرب بویوك قوماندانلار تمثیلشی اوردو نامیدان ذات عالیگزنك آشبو‌یچ روشده ایرگه‌شتام‌دان قایتیشیگزنی طلب ایتەدر. معاهدەنی عملگه آشیریشنی رد ایتیب تیزلیك برلەن قایتیشیگز رجا ایتیلەدر.

بویوك احترام ایلەن

شرقی تورکستان عالی باش قوماندان نائبی
(امضا) سلطان بیك بختیار بیك

مهر: شرقی تورکستان حربیه نظارتی — 1931نچی ییل 3نچی مارت
شهر یەنگی حصار

*

مەشۇر روزىيېۋ (ۋەتەن ئوغلى)

# ئۇيغۇرلار ھەققىدە ق

كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئالىملار، بولۇپمۇ رۇس ئالىملىرى ئۇيغۇرلار تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ خۇسۇستا چوڭ-چوڭ تەتقىقاتلارنى، ئايرىم پروبلېمىلار خۇسۇسىدا ئىنتايىن باھالىق ئەمگەكلەرنى مەيدانغا ئاتقانلىقى مەلۇم. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق موجۇت بولغان تارىخىي موجىجەتلەر ۋە دەلىللەر بۇ قەدىمىي خەلقنىڭ تارىخى ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە مەلۇمات بەرسىمۇ، ئامما ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىلمىي جەھەتتىن تېخى بەلگۈلۈك بىر سىستېمىغا سېلىنماي كېلىۋاتاتتى.

بۇ ھەقتە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ ئالىملىرى ناھايىتى ئاساسلىق، ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئەھۋال ئۆزگىرىلمەكتە. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى بويىچە كۆپ يىللىق ئەمگىكىنى نەشرگە تەييارلىدى، كۆپ ئۆتمەي بۇ كىتاب نەشردىن چىقىدۇ.

ئۇشبۇ ماقالىدا بولسا، مۇئەللىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئېنىقلانغان تارىخىي فاكتلار ئاساسىدا بىر قەدەر مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىشنى مەخسەت قىلىدۇ.

پروفېسسور كازېمى (1841-يىل) ۋە ئاكادېمىك رادلوف (1890-يىل) شەرق مۇئەررىخى راشىددىننىڭ «جامع التواريخ» دېگەن (13-ئەسىر) ۋە خىۋە خانى ئەبۇلغازىنىڭ «تارىخىي شەجەرەئى تۈركى» دېگەن (16-ئەسىر) ئەسەرلىرىدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئوغۇزخان تەرىپىدىن (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىل ئاۋال) تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ باتۇر ۋە ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا جەڭلەردە كۆرسەتكەن ئەرلىكى، خەلقىگە ھەم ۋەتىنىگە سادىقلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن نام دەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. «ئۇيغۇر» سۆزى: «ئۇيۇشقاق»، «ئۇيغان»، «بېرىلگەن (ئۇيگەن)»، «يېپىشقان» مەناسىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئەينە شۇنداق خۇسۇسىيەت بولغاچقا، شۇ نامنى ئالغانمىش. ھەر ھالدا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ تۈرك ئاتالغۇسى (تومۇرى تۈركچە) ئىكەنلىكىنى بىر قانچە ئالىملار، شۇ جۈملىدىن، كلاپروت، پلانو كارپىنىلار تەستىقلىگەن.

پروفېسسور ئا.ن.بېرنشتام ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلەۋى ئاساسى ئوغۇز ئەسىل-قاتلاملىرىدىن بولۇپ، 5-ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ كەڭ مىقياستىكى جايلارغا جايلىشىپ، شۇ جايلارنىڭ ئېگىلىرى سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەنلىكىنى تەستىقلىدى. يەنە شۇ ماقالىدا شىمالىي ھۇنلار، ئوغۇز ئەسىل-قاتلاملىرىدىن تارالغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىر تىلدا سۆزلەشەتتى، دەيدۇ.

قەدىمىي جۇغراپىيە ئالىملىرىدىن مەشھۇر پتولومېي (مىلادىدىن تۆرت ئەسىر ئاۋال) ھازىرقى تارىم دەرياسىنى «ئۇيغۇردىن» دەرياسى دەپ، ئۇنىڭ ياقىلىرىدا «ئۇيغۇر»لار ياشايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلارنى رۇس ئالىمى گرىگورىيېۋ (1869-يىل) ۋە ئىنگلىز ئالىمى رەيىنتلمۇ (1880-يىل) ئۇيغۇرلار دەيدۇ.

شەرقشۇناس يۇسۇف زىيا شىرۋانى، تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي خەلق- ئۇيغۇر خەلقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل ئاۋال ئىزلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مۇكەممەل يېزىقلىرى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەسى بولغان دەيدۇ.

خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارغا، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايلىرىغا، كەسپىگە ياكى ئايرىم قەبىلىلىرىگە قاراپ ۋە ھەر دەۋرىدە ھەر خىل نام بېرىلىپ كەلگەن. مىلادىدىن 7-8 ئەسىر ئىلگىرى ئۇلار ئۇيغۇرلارنى: «دى»، «دىن لى»، «چى-دى» ۋە ھاكازا دەپ ئاتىغان بولسا، مىلادىنىڭ باشلىرىدا: «چى-شى»، «گائوچەن» (بۇ دۆلەتكە بېرىلگەن نام)، «گائو-گوي» دەپ ئاتىدى. مۇنداق ناملار تولاراق شىمالىي ئۇيغۇرلارغا، خۇسۇسەن خىتاي بىلەن بىۋاستە چېگرىداش جايلارنىڭ ئۇيغۇرلىرىغا بېرىلگەن. پەقەت 3-4-ئەسىرلەردە (بىرىنچى قېتىم لەئو خانلىقى تارىخىدا) ئۇيغۇرلارنى «ۋېي-ۋۇر» دەپ ئاتىدى. خىتاي تىلى ۋە يېزىقىدا «ئۇي» ھەم «غ» ئوخشاش بوغۇم ۋە ھەرىپلەرنى توغرا ئېيتالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ئۇنداق ئۈنلۈك ھەرىپلەر ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەككى، خىتاي ئەدەبىياتىدا باشقا مىللەتلەرگە، دۆلەتلەرگە، شەھەر ۋە جايلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئۆزلىرىچە نام بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ھەرىپ ئورنىغا بەلگۈ (ئېروگلىف) بولغاچقا، ھەر بىر ئاتالغۇغا مەلۇم مەنا بېرىدىغان بەلگۈلەر قويۇلماي ئېيتىلمايدۇ.

خىتاي مەنبەلىرىنى تەكشۈرگەن يېۋروپا ئالىملىرىنىڭ بىر قىسمى، ئۇيغۇرلارغا ئىلگىرى خىتايلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەر خىل

# سقىچە تارىخىي مەلۇمات

ناملارغا قاراپ، ئۇ خەلقلەر ئۇيغۇرلار ئەمەس بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرراق ئىلمىي كۆز بىلەن تەكشۈرگەن بىر قىسمى ئۇلارنى ئۇيغۇرلار، دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇ پىكىر توغرا. چۈنكى، ئەگەر شەرقىي تۈركستاندا مىلادىدىن ئاۋۋال ۋە مىلادى باشلىرىدا باشقا خەلقلەر ياشاپ، ئۇيغۇرلار موڭغۇل يېرىدە ياشاپ پەقەت 8—10—ئەسىرلەردىلا شەرقىي تۈركستانغا ئۆتكەن بولسا، بۇ ئۆلكىلەر (خوتەن، جەنۇبىي شەرقىي تۈركستان) خەلقلىرى ساپ ئۇيغۇرلارغا ئورۇلۇپ، ئۇ يەرنىڭ ئىلگىركى خەلقلىرى تامامەن يوق بولۇپ كەتمەس ئىدى. ھەقىقەتتە شەرقىي تۈركستان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ماكانىدۇر.

ئەبۇلغازى خاننىڭ «تارىخىي شەجەرەئى تۈركى» دېگەن ئەسەرىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇيغۇرستان يېرىدە ئاسمان—پەلەك ئىككى تاغ بار ئىدى. بۇ تاغلارنىڭ ئۇزۇنلۇغى مەغرىبتىن—مەشرىققىچە ئىدى. بىرسىنىڭ ئېتى «بۇقراتۇ بۇزلۇق»، ئىككىنچىسىنىڭ «ئۇچقۇنلۇق تەڭرىم» ئىدى. بۇ تاغلارنىڭ بىر يېنىدىن ئون ساي(غول)، ئىككىنچى يېنىدىن توققۇز ساي تولۇپ سۇ ئاقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ سۇلار ئىدى. بۇ جايلار ئۆتكەن زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جايى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ئەتكەن يەرلىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئون ساينىڭ ياقىسىغا جايلاشقانلارنى «ئون ئۇيغۇرلار» ۋە توققۇز ساينىڭ ياقىسىغا جايلاشقانلارنى «توققۇز ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ مول ھوسۇللۇق يەرلىرى، سۇلىرى، شەھەر ۋە يېزىلىرى بەك ئۇرغۇن ئىدى.»

ئەبۇلغازىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەت ئىدارە ئەرتۈمىدە، يەنى خەلق ئەرىپىدىن سايلانغان باشلىقلارنىڭ ئىدارىسىدە تۇرغان. كېيىن ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ ئىتتىپاق قۇرغان. ئون ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە مىنخو دېگەن كىشىنى، توققۇز ئۇيغۇرلار كول ئەركىن دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىپ سايلاپ ئالغان. ئۇلار باشلىقلىرىغا «ئىل ئىلتەر» (خەلقنى ئەگەشتۈرگۈچى) دېگەن ئۇنۋان بەرگەن.

ئەينە شۇ جايلاردا، ئۈچ مىڭ ژىل ياشاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار جەت ئەل تەجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە ئۆز ئىچكى ماجىرالارغا دۇچار بولۇپ، چېچىلدى. بىر قانچىلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا قېلىپ، بىر قانچىلىرى بەش بالىق شەھىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا، بىر قانچىلىرى ئېر-تىش ياقىلىرىغا كۆچكەن. مانا بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇڭغۇلىيە، ئالتاي ئۆلكىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس، پەقەت بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى 8—10—ئەسىرلەرگىچە ئۆز ۋەتەنلىرىگە يېنىپ قوشۇلغان. ئەينە شۇ شىمالىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىي يېۋروپىغا كېتىپ ۋە يەنە بىر قىسمى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىغا كېلىپ قوشۇلغان.

ئالاۋۇتدىن جۇۋەينى «جاھان كۇشەي»دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي شەجەرىسىگە ئاساسلىنىپ، شۇنى مەلۇم قىلدىكى، ئۇيغۇر دۆلىتىنى باشلاپ قۇرغانلار: قۇتلۇق ۋە بۇقاخان دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا ياردەملەشكەن خەلق باتۇرلىرى: قۇتلۇق تېگىن، شۇڭقار تېگىن، ئۇلار تېگىن (تېگىن—كىنەز، بەگ مەناسىدا) دېگەن كىشىلەر ئىكەن.

ن.ن.كروپاتكىن خىتاي ۋە يېۋروپا مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز لەگدە ئولتارغانلىرى دېخانچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، تاغلىق جايلاردىكىلەرنىڭ مال چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن تۇرمۇشىدا ئىكەنلىكى، مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى مەلۇم ئىدى، دەيدۇ.

مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئاۋۋال خىتايلارنىڭ (خەن خانلىقى دەۋرىدە) جانسەن دېگەن بىر ھۆكۈمەت ئەربابى شەرقىي تۈركستانغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى، ئىختىسادىي تۇرمۇشى بىلەن تونۇشقان. شۇ چاغلاردىن باشلاپ، خىتاي ھاكىمدارلىرى بىلەن سودىگەرلىرى شەرقىي تۈركستانغا كۆز تىككىشكە باشلايدۇ. ئۇ چاغلاردا خىتاي ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇرلارنى «چې-شى» (ھارۋۇكەش مەناسىدا) دەپ ئاتىغان. «چې-شى»لار ئىككىگە بۆلۈنەتتى: جەنۇبىي «چې-شى» (ئون ئۇيغۇرلار— مەركەزلىرى ھازىرقى ئاقسۇ، كۇچار، لوپ ئەتراپىدا) ۋە شىمالىي «چې-شى» (توققۇز ئۇيغۇرلار— مەركەزلىرى ھازىرقى تۇرپان، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ئەتراپىدا)گە بۆلۈنۈپ، شىمالىي «چې-شى» لارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىنى خىتايلار «گاۋچەن» (بۇ يە قارا خوجا، يە گۇچۇڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرىگە بېرىلگەن ئىسم) دەپ ئاتىغان.

(داۋامى بار).

(داۋامى، بېشى ئۆتكەنساندا)

ئەينە شۇ كاچەن ئەۋەسكە خىتاي سەيياھى ۋاڭ-يەن-دېن كەلگەندە (10-ئەسىر) ئۇيغۇرلارنىڭ «ئارسلانخان» ئۇلۇغ ئىدىقۇت خانى بولغان. ئۇ خانلىقنىڭ دۆلىتى غەربىي ھەم جەنۇبىي غەربتە: ئەرەب ۋە ئىران چېگراسىغىچە ۋە غەربىي تىبەتكىچە، جەنۇپتا خوتەنگىچە... ئىدى، دەپ يازدى. دېمەك، ئۇ چاغلاردا جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ، پايتەختى «قارا خوجا» شەھىرىگە يېقىنىپ تۇرغان چاغلىرى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن قاشقەرى ئۇيغۇرستاندا ئەتراپتىكى بىر قانچە ئەللەر ئىتائەت قىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم. بۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ راسا تەرەققىي ئېتىپ، گۈللەنگەن ۋاقتى ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمىي زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ قەبىلىداشلىرىدىن ئاۋال ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە كاسىپچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزگەن. شۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودىسى ئۆسكەن. ئۇلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى گۈللەنگەن. 15-ئەسىرلەرگىچە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئەڭ مەدەنىي ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى خەلقلەردىن بولغان. ئۇلار 4-5-ئەسىرلەردىلا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، 13-14-ئەسىرگىچە ئىبارەت ئېلىپبەلىرىنى ئۆزگەن. مىلادىدىن 2-3-ئەسىر ئاۋالقى چاغلاردىلا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلگە ۋە تەمۇنلىرى ئەتراپقا تەسىر قىلغان ئىدى. ئەندى يېڭى ھەرىپ ئاساسىدا ئېلىپبە ئىجات قىلىش ئەتىجىسىدە، ئۇ تەسىرات تېخىمۇ كەڭەيدى ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بۇ تەسىرات، بولۇپمۇ، ماۋرۇننەھرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيەنىڭ باشقا جايلىرىدا، موڭغۇلىيەدە، خىتايدا كۈچلۈك بولدى. 11-ئەسىردە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ) ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (ماخمۇت قەشقەرىينىڭ) ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك بولغانلىقىنى جانلىق شاھىتتۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» پەلسەپە، ئېتىكا (جەمئىيەت ئەخلاقى)، مەنتىقى ۋە دۆلەت خوقۇقى پەنلىرىنىڭ جەملەشكەن ئەلمانى بولسا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەبچە مۇلاھىزە قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىل، ئىملا قائىدىسىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ئەدەبىي ۋە تارىخىي بىر مىراستۇر.

جەنۇبىي ئۇيغۇرستان (خوتەن، قەشقەر، خوتەن) توغرىلىق خىتاي يازغۇچىلىرى 5-ئەسىرلەردە دېھقانچىلىق، سودا-سانائەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان ئىدى، دەپ يازغان. يەنە ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئەمگەكسۆيگۈچ، مۇلايىم، پاك دىل، ۋەدىسىدىن يانمايدىغان ساغلام خەلق دەپ كۆرسەتكەن.

مەزكۇر سەيياھ، ۋاڭ-يەن-دېن ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى (قارا خوجا) شەھىرى ھەيۋەت سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمانغا تاقاشقان ئۇرغۇن مۇنارىلار بار؛ شەھەردە مەدەنىي يوسۇندا ئىستىراھەت باغلىرى، گۈلخانىلار، ئىسپائلار، سۇزۇك كۆللەردە ئوينىشىپ ئويناپ يۈرگەن خەلق، كۆل ئەتراپىدا ساز-نەغمىلەر ئويناپ تۇرغان ...دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

سەيياھنىڭ تەسۋىرىچە: ئۇيغۇرلار ئوچۇق، خۇشخۇي، ئادىل خەلق؛ ئۇلار چېۋەر، ماھىر ئۇستا بولۇپ، ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، تۆمۈردىن تۈرلۈك ئەسۋاپلار ۋە يىپەك تاشلاردىن مارجان ۋە باشقا بېزەك ئەسۋاپلىرىنى ياسايدۇ؛ ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشىدا ماھىر، ئۇلارنىڭ مۇزىكا (ساز)نى ياخشى كۆرىدۇ. ھەممىسى دېگىدەك سازەندە. ئۇرغۇن مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنىڭ ئىچىدە؛ پىپا، كۇڭ خۇ (25 تارلىق ئەسۋاپ) ئوخشاش مۇزىكىلىرىمۇ بار. ئۇلاردا سودا-تىجارەت تەرەققىي قىلغان بولۇپ، چەتكە ئالتۇن، كۆمۈش ۋە يىپەك تاشلاردىن ياسالغان ئەپەس ئەسۋاپلىرى، گۈللۈك رەختلەر، قۇندۇز، قاما، ئاق يەي ۋە ھاكازالارنى چىقىرىدۇ، دەپ يازغان.

ئەبۇلغازى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەكسۆيگۈچ، قابىلىيەتلىك، دېھقان ئىكەنلىكىنى ۋە سانائەتتە چېۋەرلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تارىم دەرياسى ئويمانلىقىنى گۈللەتكەنلىكىنى، چوڭ ئۆستەڭ-ئېرىقلار، كانالار، كارىزلار ياسىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

7-ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ۋە باشقا ئەللەرگە مەرۋايىت، باشقا يىپەك تاشتىن ياسالغان جابدۇق، تۆمۈر، قورال-جابدۇق، توقۇلغان نەپىس مەخمەل، ئاق ماتا ۋە تىرىك مال ساتىدىغانلىقى مەلۇم. شەرق يازغۇچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى بويىچە، ئىپەكچىلىك، يىپەك تاشتىن جابدۇق ياساش، قەنت ئىشلەپ چىقىرىش ۋە باشقىلارنى خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن.

10-ئەسىر يازغۇچىسى گاردىزى ئۆزىنىڭ «زەينەل ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇيغۇرستاندا مېۋە ناھايىتى كۆپ، بۇغداي، گۈرۈچ شۇنداق بولىدۇكى، ئاياق ئېلىپ مېڭىشقا بولمايدۇ. باغلىرىدا مېۋىنىڭ ھەممە خىللىرىدىن بار. ئىپەكچىلىك شۇنچە تەرەققىي قىلغانكى، ھەر بىر ئۆيدە ئىككى مىڭ ئۆيتىن كام ئەمەس ئۈژمە دەرەقلىرى بار. مەرۋايىت، يىپەك تاشلاردىن ياسالغان نەپىس ئەسۋاپ ۋە باشقا سانائەت تاۋارلىرىنى چەتكە چىقىرىدۇ، دەپ يازغان.

13-ئەسىر بېشىدا شەرقىي تۈركىستاننى ئارىلاپ، خىتايغا ئۆتكەن ۋېنېتسىيەلىك سەيياھ ماركو پولو تارىم ئەتراپىنى ئۇيغۇرستان دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرى كۆپ، مەركىزى شەھىرى قارا خوجا دەپ يازغان.

بۇ ئېيتىلغانلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ: ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ ۋە قىسمەن قانسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسمىدا قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ۋە شۇ يەرلەرنىڭ ئۆزىكى ئىگىلىرى بولغان. تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە 15-ئەسىرگىچە ئەڭ مەدەنىي ۋە ئەڭ تەرەققىي قىلغان خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي دەۋرلىرىنى شۇ جايلاردا ياشاپ ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ئۇلار زامانىسىدا باشقا تۈرك قەبىلىلىرى ۋە باشقا خەلقلەرگە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تارقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولدى.

ئۇلاردىكى ئولتۇراقلىق، دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك ھەم شەھەر ۋە ئۆزلەشتۈرۈش سانائەت ۋە سودا-تىجارەتنىڭ قەدىمىيدىن تەرەققىي ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردا فېئوداللىزم قۇرۇلۇشى باشقا تۈرك خەلقلىرىدىن ئاۋال تەرەققىي قىلغان.

تەھرىر ـ بۆلۈمى

ئۇيغۇر ھەققىدىكى بۇ قىسقىچە تارىخ جەنۇبىي ... باشى ... بويىدى بولۇپ 2 نۆۋەت ...

پروفېسسور د.ئا.بوروۋكوۋ.

# ئوتتۇرا ئاسىيە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى

8- ئەسىردە بولغان ئەرەپلەر ئىستىلاسى ئوتتۇرا ئاسىيە خەلقلىرىنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئۇزاق شەرق مەدەنىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇتەرەققىي ئاسىيە مەدەنىيىتى بىلەن يېقىنلىشىشقا يول ئاچتى. لېكىن ئۇزاق ۋاقىتلاردا، ھەتتا موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادەتلىرىنى تاشلىماي كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى 8- ئەسىرلەردە پەيدا بولغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەسەر-ئەتىقىلىرى ئورخۇن دەرياسى يېنىدا تېپىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مانىخەي، خرىستىيان، بۇددا مەزھەبلىرى مەزمۇنىدا بولغان ئەڭ كونا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھوقۇقىي ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت بولغان كۆپ ئەسەر-ئەتىقىلەر ساقلىنىپ كەلگەن.

ئەرەپلەر ئىستىلاسىدىن كېيىن ئىسلامنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە، ئەرەپ ئېلىپبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى يېزىقىنى ئاستا-ئاستا سىقىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇ جەھەتتىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەر مۇسۇلمان دۆلىتىدە 11- ئەسىردە ئايرىم ئۆزگىرىشلەر باشلىنىدۇ. قاراخانىيلار سامانىيلارنىڭ يېڭى فارس دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەتچىلىكىنى يوق قىلىپ، 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيەنىڭ كۆپ يېرىنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئالىدۇ.

قەشقەر ئەڭ مۇھىم مەدەنىي ۋە ئىلمىي مەركەزگە ئايلىنىدۇ. لېكىن قاراخانىيلار دۆلىتىدە بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن 1070- يىلى يېزىلغان بىرىنچى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بولغان ئەلىم- تەربىيەۋى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلغان كۆچۈرمىلىرى قەشقەردىن ئاشقىرى جايلاردا خېلىلا كېيىن پەيدا بولىدۇ. 11- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم ماخمۇت قەشقەرىي: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تازا تۈرك تىلىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قوللىنىدىغان 94 ھەرىپتىن ئىبارەت يېزىقى بار» دەپ يازغان ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە بولغان قەشقەر تىلىنى، ماخمۇت قەشقەرىي «خاقان مەلىكلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق تىلى» دەپ ھېساپلايدۇ.

لېكىن بۇ دەۋرلەردە ئەرەپ ئېلىپبەسى قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تولۇق يوسۇندا تېخى سىقىپ چىقارمىغان ئىدى.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۆرۈلگىنىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيەنىڭ سەياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىن ئاز ۋاقىت چەتتە قالىدۇ.

لېكىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەدەبىيات ساھاسىدىكى تەسىرلىرى خوشنا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىللىرىدىن خېلە ئورۇن ئالاتتى. مەسىلەن: بۇ ئەرسىنى بىز ئەخمەت يۈگنەكىنىڭ «خىبەت-ئۇل ھەقايىق» ئەسىرىدە ياكى ئەخمەت يەسەۋىي ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈشىمىز مۇمكىن.

موڭغۇللار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال ئەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان دۆلىتىدە يەنە چوڭ مەدەنىي بىر كۈچ بولۇپ ئورۇن ئالدى. موڭغۇللار قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا، دۆلەت ئىدارىلىرىدا چوڭ مەنسەپلەردە كەڭ يوسۇندا ئىشلىگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ئۇرغۇن سۆزلەر موڭغۇل تىلىدىمۇ ئىشلىتىشكە باشلاندى.

13- ئەسىردە ئۆتكەن جۇۋەينى دېگەن ئىران تارىخچىسى «تارىخ جاھانگۇشەي» دېگەن ئەسەرىدە ھەممە ئادەملەر ئىلىم-پەن بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ئۇيغۇر تىلى ھەم يېزىقى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەن.

بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 14- ئەسىردە ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان كۆچمەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئەرەپ ئېلىپبەسىگە قارىغاندا تولاراق مەلۇم ئىدى.

(ئاخىرى بار).

پروفېسسور ك. ئا. بوردوۋوۋ.

# ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى

**(ئاخىرى، بېشى ئوتكەن ساندا).**

موڭغۇل ھاكىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيە ۋە ئىراندىكى سارايلىرىدا ئۇيغۇر خىزمەتچىلىرى چوڭ ئورۇنلاردا خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇرلاردىن چىققان مۇئەللىم ۋە پۈتۈكچىلەر تومۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دولەت ئىدارىلىرىدە دايىم ئىشلەپ كەلگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئېلىپبەسىنى قوللىنىش ئوتتۇرا ئازىيە بىلەن ئىراندا 15- ئەسىرنىڭ تا ئاخىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ توغرىلىق شۇنداق مەلۇماتلار بار: تومۇرنىڭ تارىخىنى يازغان شارافىددىن ئىيەزدى (1454- يىلى ۋاپات بولغان) ۋە پۈتۈن دۇنيا تارىخى، «زۇبدەت- ئۇل- ئەسەر»نى تۈرك تىلىدا يېزىپ چىققان ئابدۇللا بىن مۇھەممەت بىن ئەلى ئەسرۇللا، تومۇر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان «تارىخى خانى» دېگەن شېئرىي ئەسەردىن پايدىلانغان. بۇ ھەقتە «زۇبدەت- ئۇل- ئەسەر» دە تۆۋەندىكىلەر ئېيتىلغان: «تارىخى خانى دۇركى ئۇيغۇر باخشىلارى ئانى ئۇيغۇر خەتى تىلفىتى بىلان يېتىپ تۇرلار».

15- ئەسىرنىڭ داۋامىدا قىسقا مۇددەت ئىچىدە يەنى 1432- يىلدىن 1437- يىلغىچە پەقەت بىر ھىراتنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن بىر نەچچە ئەسەرلەر: «بەختىيارنامە»، «تەزكىرەئىي ئەمبىيا»، «مىخراجنامە» ۋە بۇلاردىن باشقا ھىراتتا ئابدۇررازاق باخشى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ نۇسخىسى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كوچۈرۈلدى.

ھىرات ئەسكەر بېشى بولغان شاخرۇخ مىرزا ئۈچۈن ئۇيغۇر باخشىسى باقۇر مەنسۇر 1432- يىلدا تۈرك تىلىدىكى شېئرىي ھەم دىنىي ئەسەرلەرنىڭ مەجمۇئەسىنى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە كوچۈرۈپ چىقتى. يەنە 14- ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر خارەزمىنىڭ ئاتاقلىق ئەسەرلىرىدىن بولغان «مۇھەببەتنامە»سىمۇ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە كوچۈرۈلگەن.

ئالتۇن ئورداخانلىرىنىڭ ۋە تومۇر ئەۋلادلىرىنىڭ، خۇسۇسەن زاھىرىددىن بابۇرنىڭ دادىسى ئومەر شەيخنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان يادىكارلىقلىرى مەلۇم. قانداقلا بولمىسۇن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئازىيە، زاكاۋكازىيە ۋە كىچىك ئازىيەنىڭ باشلاپقى دەۋرىدىكى تۈرك ئەدەبىي تىللىرىنىڭ تۈزۈلىشىگە چوڭ تەسىر قىلغان.

15- 16- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئازىيەدە چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن، رابغۇزىنىڭ «قىساسۇل ئەنبىيە» دېگەن كىتابى ۋە تەرجىمە كىتابلار قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى تۈرك ئەدەبىي تىللىرى ئىچىدە ئەڭ كونا تىل بولغانلىقىدىن، تومۇر دەۋرىدە بولغان ئەتائىي، سەككاكىي، لۇتفىي ۋە ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ باشقا شائىرلىرىنىڭ شېئرىيەت تىللىرىنىڭ تۈزۈلىشىگە تەسىرى بولدى. ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋائىي «سەككاكىي ۋە لۇتفىيلار ئۇيغۇرچە چىرايلىق سوز تۈزۈشكە ئۇستا شائىرلار» دەپ كورسىتىپ ئوتكەن ئىدى.

ئوسمانلى تۈرك تىلى بىلەن ئەزەربەيجان تىلىنىڭ باشلاپقى تۈزۈلىش دەۋرىدە ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرى ئوزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىرىنى قوللىنىپ كەلگەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرا ئازىيە ۋە ئىران بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدە بولغان مەدەنىي ئالاقىسى بارغانسىرى داۋام قىلىپ كەلدى. قەدىمقى ئىران داستانىنىڭ قەھرىمانلىرى ئەفراسىياپ ۋە رۇستەم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن داستانىدىمۇ بار. بۇ داستاننىڭ شېئرىي تۈزۈلىشى فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر «شاھ نامە»سىغا ئوخشاپ كەلسە، مەزمۇنى شۇنداقلا ئىراننىڭ مەشھۇر «قابۇس نامە»سىغا ئوخشايدۇ. شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئوتتۇرا ئازىيە ئارىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ شۇ تېرىقىدە يەنى ئۇمۇمىي مەدەنىيەتكە ئاساسلىنىپ تەرەققىي قىلىپ كەلدى.

ئوتكەن دەۋرلەردە ياشىغان ئوتتۇرا ئازىيە يازغۇچىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. پەرغانىدا ياشىغان مۇترىبە دېگەن قەشقەر شائىرەسى ئوز زامانىسىدا مەشھۇر ئىدى. ناۋائىي دەۋرىدىكى شاھ ۋاقتىدا ھىرات شائىرلىرى ئارىسىدىمۇ قەشقەردە تۇغۇلغان شائىر بولغان. 19- ئەسىردە قوقان خېنى ئومەرخان دەۋرىدە بولغان ۋە قوقان شائىرلىرىنىڭ «مەجمۇئەتۇ شۇئەرا» دېگەن دىۋانىدا شېئىرلىرى بېسىلغان قەشقەر شائىرى ھۇسلەتنى ئۇچرىتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناۋائىي دەۋرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ روھىي ھاياتىدا شەرقىي تۈركىستان شائىرلىرىنىڭ شېئرىي ئەسەرلىرى كەڭ ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

## ئىككى شېئىر

مۇھەممەت مەتتۇرسۇن

### ۋەتەن مۇھەببىتى

ئانا ۋەتەن مېنىڭ ئالتۇن دىيارىم،
مۇھەببىتىم ساڭا دىلدىن تاشىدۇ.
سەن جاھاندا تېپىلغۇسىز بىر ماكان،
ئارزۇلىرىم سەن بىلەن گۈل ئاچىدۇ.
مېھرىڭ بىلەن ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم،
ئوقۇماقتا ھازىر ئوغلۇڭ يات ئەلدە.
شۇنداقتىمۇ سېنىڭ ئۈچۈن ئۇخلىماي،
تىزماقتىمەن تۈرلۈك - تۈمەن گۈلدەستە.
مەيلى! قانداق جاغدا بولسۇن ۋەتىنىم،
ھۆرجامالىڭ كەتمەيدۇ كۆز ئالدىمدىن.
سەندە ئۆتكەن مېنىڭ شۇ ئاي - كۈنلەر،
بىر مىنۇتمۇ چىقماس مېنىڭ يادىمدىن.
سەندە ئۆتكەن كۈنلىرىمنى مەن ئەسلەپ،
ۋەتەن سېنى سېغىندىم مەن دىلىمدىن.
ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن مەڭگۈگە،
قوينى قانات سەندەك گۈزەل ئېلىمدىن.

### يۇرتۇم كېرىيە

يۇرتۇم كېرىيە گۈل ماكان،
ئەجەپ مۇنبەت يەرلىرى.
ئۇندا بەردى مول مېۋە
ئەلنىڭ تۆككەن تەرلىرى.
ئەلنىڭ تۆككەن تەرلىرى،
يۇرتنى قىلدى لالىزار.
قۇچىقىدا ياشايدۇ
خەلقىم شۇنچە بەختىيار.
تارىخلاردا خەلقىمنىڭ
ئۆچمەس شەرەپ - شانى بار.
خەلقلەرادا دوستلارنىڭ
ئېغىزىدا نامى بار.
ئەشۇ نامنى خەلقىمىز
ساقلاپ كەلدى ھېلىمۇ.
مېھنەت قىلىپ زەپەرنى،
بويلاپ كەلدى ھېلىمۇ.
خەلقىم قىلىپ جەڭ - مېھنەت،
ھەر كۈنى زەپەر قۇچماقتا.
ئالغا ئەنشىنال كۆككىدە،
بۈركۈت بولۇپ ئۇچماقتا.
ئۇچسام دەيمەن بۈركۈت بوپ،
مەنمۇ ئەلگە قېتىلىپ.
مۇرادىمغا يېتەتتىم،
بەختىم گۈلى ئېچىلىپ.
مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن،
يېتىش ئۈچۈن ئىتراققا.
يېڭى مەزمۇن قوشىمەن،
ئەجرىم بىلەن ھاياتقا.
خەلقىم ئۈچۈن مەن چوقۇم،
كەلتۈرىمەن شان - شەرەپ.
ئۆگىنىمەن ئۆزۈمنىڭگەھا.
قويۇپ قاتتىق مەن تەلەپ.

(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى شوبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ)

# ئىسلامدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنلىرى

«فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ (دىللىرىدا ئەگرىلىك بار، گۇمراھلىققا مايىل، كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ)».

(سۈرە ئالئىمران 7-ئايەت)

دۇنيادا ئادەملەر پەيلى ئوخشاش ئەمەس،
شۇڭلاشقا ھەركىم ئۆزىنى نادان دېمەس.
بىلەلىسەڭ ھەقىقەت پەقەتلا بىردۇر،
ئەمما باتىلنىڭ سانى شۇنچە زور دۇر.

جىنايەت كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شەخسلەر تەرىپىدىن كوللېكتىپقا (ئومۇمغا) بولىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن جىنايەت ۋە جازا مەسىلىسى؛ كىشىلەرنىڭ شەخسلەر بىلەن كوللېكتىپ ئارىسىدىكى تەبىئى ئالاقىگە بولغان ئىدىيىۋى نەزىرىيىسى بىلەن زىچ ئالاقىدار دۇر.

دېموكراتىك دۆلەتلەر (يەنى: غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىگە ئوخشاش دۆلەتلەر) شەخسلەرنى ئۇلۇغلاشتا ھەقىقەتەن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى پۈتۈن ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى قىلىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇلار كىشىلىك ئەركىنلىك داۋاسى بىلەن كوللېكتىپنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ بەلكى ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىدۇ.

مانا بۇ نەزىرىيە جىنايەت ۋە جازا ئىشلىرىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە؛ بۇخىل نەزىرىيىدىكى دۆلەتلەر جىنايەتچىلەرگە ئىنتايىن ئارتۇق مېھرىبانلىق قىلىدۇ. ھەتتاكى كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق جىنايەتلىرى بىلەن تېگىشلىك جازا كۆرۈلگەن شەخسلەرنى بۇخىل نەزىرىيىدىكى دۆلەتلەر، جەمئىيەتنىڭ قۇربانلىرى دەپ قاراپ ئۇلارنى نىرۋىسى چارچىغان ياكى ئۆز پەيلىگە ئىگە بولالمىغان دېگەنگە ئوخشاش سەۋەبلەرنى ۋە ئۆزرىلەرنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى ئاقلاشقا تىرىشىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جازاسىنى مۇمكىن قەدەر تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، نەتىجىدە: جىنايەتچىلەرگە بېرىلگەن جازالار جازا دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالىدۇ.

سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىيىسى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر كوللېكتىپنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئاساسى دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتلەردە دۆلەتكە قارشى چىققان شەخسلەر

دۆلەت تەرىپىدىن ئىنتايىن قاتتىق ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۆلەتلەردە كىشىلىك ئەركىنلىكنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ.

ئەمدى ئىسلام دىنىغا كەلسەك:

ئىسلام دىنى نەزىرىيىسىدە شەخسلەر بىلەن كوللېكتىپقا بىر كۆزدە قارىلىدى (يەنى ئوخشاش قارىلىدۇ) ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئوخشاشلا قوغدايدۇ، ھېچ بىر ۋاقىتتا بۇلارنىڭ بىرىنى بىرىگە قۇربان قىلىپ بەرمەيدۇ، بۇلارنى ھەمىشە ئوخشاشلا ئىھتىرام قىلىدۇ

ئىسلام دىنى جازالاش قانۇنلىرىنى خالىغانچە قارار قىلمايدۇ ۋە ئۇ قانۇنلارنى ھېساپسىزمۇ يۈرگۈزمەيدۇ. مانا ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى نەزىرىيىسى بۈتۈن يەر يۈزىدىكى نىزاملارغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە دۇر. ئىسلامنىڭ بۇ خىل نەزىرىيىسى گاھىدا دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىيىسىگە گاھىدا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىيىسىگە ماسلىشىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەر ھالدا ئادالەت مىزانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۇتىدۇ. جىنايەتكە جىنايەت سادىر قىلغۇچى شەخسنىڭ ۋە جىنايەت قىلىنغۇچى كوللېكتىپنىڭ كۆزلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوخشاشلا قارايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ تايىسى تەرەپكە قىلچە مايىل بولمايدىغان كەسكىن، ئادىل جازالارنى تېگىشلىك ھالدا قارار قىلىدۇ. ھېچ ئىزدەنمەستىن ۋە تەپەككۇر قىلماستىن مەسىلىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا ئالىدىغان بەزى كىشىلەرگە، ئىسلامنىڭ بۇزۇقچىلىقلارنى توسۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قارار قىلغان ئادىل جازا قانۇنلىرى بەزىدە تەتىلىك (دېرىگلىك) بولۇپ كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇ قانۇن ھەتتاكى جىنايەت سادىر قىلغۇچى شەخسنىڭ سادىر قىلغان جىنايىتىدە ھېچ بىر ئۆزرە، ياكى بىرەر شۈبھىنىڭ بولمىغانلىقىغا ئۆزى (يەنى قانۇن) كېپىل بولمىغۇچىلىك ئۇ ھەرگىزمۇ تەتبىق قىلىنمايدۇ.

ئۇ (يەنى ئىسلام قانۇنى)، ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولىنى كېسىشنى قارار قىلىدۇ لېكىن ئۇنىڭدا بىرەر شۈبھە كۆرۈلسە قولىنى ھەرگىزمۇ كەسمەيدۇ. چۈنكى ئوغرىلىق جىنايەتلىرى ئاساسەن ئاچارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ، زىنا قىلغۇچى ئەر بىلەن زىنا قىلغۇچى ئايالنى رەجىم قىلىشقا قارار قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار (يەنى زىنا قىلغۇچى ئەر ۋە ئايال) توي قىلغانلاردىن بولمىسا (يەنى بۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئۆيلەنمىگەن بولۇپ، توي قىلغانلار قاتارىدىن بولمىسا) ياكى ئۇلارنىڭ پاھىشە قىلمىشلىرىنى تۆت ئادەمنىڭ ئۆز كۆزلىرى بىلەن ھېچ توسالغۇسىز، ئوچۇق ۋە ئاشكارا كۆرگەنلىك گۇۋاھلىقلىرى بولمىسا ئۇلارنى رەجىم قىلمايدۇ. ئىسلام قارار قىلغان جازا قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسى مانا موشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنچىكە ھەم ھېكمەتلىكتۇر.

بىز بۇلارنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارار قىلغان كەسكىن پىرىنسىپتىن ئالىمىز،

ئۆمەر بولسا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ بىرى ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىئەتنى يۈرگۈزۈشتە ئەڭ كەسكىن ئەڭ مۇستەھكەم كىشىدۇر. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىسلام قانۇنلىرىنى تەتبىق قىلىشتا كەچۈرۈملۈك قىلىۋاتقان دەپ تۆھمەت قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىللاردا ئۆمەر ئوغۇرلۇق قىلغۇچىنىڭ قولىنى كېسىشتىن ئىبارەت جازا قانۇنىنى يۈرگۈزمىگەن. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئوغۇرلۇق قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقى ھەققىدە شۈبھە تىكلەنگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «اِدْرَأُوا الْحُدُودَ بِالشُّبُهَاتِ (شۈبھىلەر [تېپىلىش] بىلەن جازالارنى ئۆتتۈرۈۋېتىڭلار)» دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن بۇ ھەقتە تەۋىلگە موھتاج بولمايدىغان كەسكىن بىر پرىنسىپ باردۇر، ئۇ بولسا «جىنايەتكە ئىشتىراكچى سە-ۋەبلەرنىڭ بولۇشى (جىنايەتچىنى) جازالاشتىن توسىدۇ» دېگەنلىك.

ئەگەر بىز ئىسلام قارار قىلغان جىسمى جازا قانۇنلىرىدىكى ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆتىدىغان بولساق ئۇنىڭ ئاۋال جەمئىيەتنى جىنايى ئىشلارغا تۈرتكە بولىدىغان سەۋەبلەردىن ساقلاشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىپ يېتىمىز. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ جازا قانۇنلىرىدىكى ئادالەتكە قانائەتلەنگەن ھالدا تېگىشلىك جازالارنى قارار قىلىدۇ. جەمئىيەت ئەگەر بىرەر سەۋەبنىڭ توسقۇنلۇقىدىن جىنايى ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلارنى توسالمىسا ياكى ئۇ جىنايەتكە قانداقلا بولسۇن بىرەر شۈبھە تىكلەنسە بۇ ۋاقىتتا مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن جىنايەتچىلەرگە تېگىشلىك جازا قانۇنلىرى يۈرگۈزۈلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام مەھكىمىسى جىنايەتچىلەرنى قويۇ-ۋېتىشكە ياكى تېگىشلىك جازالارنى ئۇلارنىڭ جىنايەت دەرىجىسىگە قاراپ مۇۋاپىق ھالدا يەڭگىللىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئىسلام دىنى بايلىقلارنى ئادالەت بىلەن تارقىتىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دۆلىتى خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋاقتىدا جەمئىيەتتىن پېقىرلىقنى ئېلىپ تاشلاش دەرىجىسىگە يەتكەن.

